شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W
新疆日报网: www.xjdaily.com

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي
22
يەكشەنبە
维吾尔文 9月22日

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24826 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنى فۇنكسىيەنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش

ــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە، ئىش بولسا كېڭىشىش، كۆپچىلىكنىڭ ئىشىنى كۆپچىلىك كېڭىشىش، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىنىڭ ئەڭ چوڭ ئورتاقلىقىنى تېپىش چىقىش خەلق دېموكراتىيەسىنىڭ چىن مەنىسى.

«خەلق سىياسىي كېڭەش كېڭىشىش داۋامىدا كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىش ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق دېموكراتىيەسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ھەم تارىخىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

فۇجيەن ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

چېن چۇەنگو، تاڭ دېڭجيې، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىرۇي، يۈەن لىي، لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە، فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئۆلكە باشلىقى تاڭ دېڭجيې فۇجيەن ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن قاتارلىقلار پائالىيەتكە قاتناشتى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون فۇجيەن ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئۈرۈمچىدە خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. چېن چۇەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن فۇجيەن ئۆلكىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكى ۋە خالىس ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. چېن چۇەنگو مۇنداق دېدى: فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ فۇجيەن خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىخانىزمى جانلىق، كەسىپلىرى ئەلا، خەلقى باي، ئېكولوگىيەسى گۈزەل بولغان يېڭى فۇجيەن قۇرۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بىز چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

چېن چۇەنگو مۇنداق دېدى: فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىشتا سالماقنى ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىدا ئوبراز تىكلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا قەدەم بىلەن قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى، ھەرمىللەت خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلايدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە مۇھىم، زور مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي زىممىمىزگە ئالىمىز

ــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي كېڭەش سىستېمىسى ۋە كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە مۇھىم، زور مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي زىممىمىزگە ئېلىپ، تىرىشىپ خەلق سىياسىي كېڭەشنى پارتىيەنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى كۈچەيتىدىغان مۇھىم بازىغا، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، تەربىيەلەيدىغان، يېتەكلەيدىغان مۇھىم سەھنىگە، ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساستا زىددىيەتلەرنى پەسەيتىدىغان، تونۇشنى ئورتاقلاشتۇرىدىغان ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەيدىغان مۇھىم يولغا ئايلاندۇرىمىز.

■خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز

«چوقۇم تىرىشىپ خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىنىڭ لاياقەتلىك قاتناشقۇچىسى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىسى، تۈرتكە بولغۇچىسى بولىمەن.» 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تەكلىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن جى مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

ــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئاپتونوم رايونىمىز ناھىيە رايونىدىكى زىچ داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتى

تىرىشىپ 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېغىر كېسەللەر ناھىيەدىن چىقماسلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ

مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن**، پىراكتىكانت **جاڭ شياۋخەن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىمىز ناھىيە رايونىدىكى زىچ داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە رايونىدىكى كېسەل كۆرۈش نىسبىتىنى 90%كە يەتكۈزۈپ، ئېغىر كېسەللەر ناھىيەدىن چىقماسلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

«2014 ـ يىلىدىن باشلاپ، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى پۈتۈن ناھىيەدىكى سەككىز يېزا ـ بازار شىپاخانىسى ۋە 46 كەنت داۋالاش ئۆيىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى، كەسىپ، دورا سايمانلىرى قاتارلىقلارغا قارىتا ‹ئالتىنى بىرتۇتاش› باشقۇرۇپ، دوختۇرلار يېزىلارغا بېرىپ كېسەل كۆرۈپ، ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرى شىپاخانىلارغا بېرىپ شىپاخانا باشلىقى بولۇپ، ناھىيە، يېزا، كەنت سەھىيە مۇلازىمىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئايلىنىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى.» يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيەلىك داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى باش دوختۇرخانىسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، دوختۇرخانا باشلىقى يۈ ۋېنخۇا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ناھىيە رايونىدىكى داۋالاش بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، «ئاساسىي قاتلامدا تۇنجى دىياگنوز قويۇش، قوش يۆنىلىشلىك يۆتكەپ دىياگنوز قويۇش، جىددىي خاراكتېرلىك كېسەل بىلەن سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلنى ئايرىپ داۋالاش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

گۈلجەننەت: يەسلىدىكى خۇش پېئىل مۇئەللىم

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

□مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، سۈي يۈنيەن

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، خوتەن شەھىرىنىڭ شورباغ يېزىسىدىكى يۈمياۋ يەسلىسى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى تۇنجىغا ئالدۇرۇش كۈنىنى كۈتۈۋالدى، يەسلىنىڭ تۇرمۇش ئوقۇتقۇچىسى گۈلجەننەت بالدۇرلا دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ بالىلارنى كۈتۈۋالدى.

يەسلىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش كۈنىدە كونكرېت دەرس ۋە پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان بولۇپ، كىچىك دوستلار سائەت 11دىن ئاشقاندىلا ئۆيگە قايتسا بولاتتى. گۈلجەننەت ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەربىر سىنىپنى كۆڭۈل قويۇپ تازىلاپ رەتلىدى. «بۇ بىرقانچە كۈندە يەسلى رايونىدا قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتىدۇ، چاڭ ـ توزان سەل كۆپ، كىچىك دوستلارنىڭ ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرىنى چوقۇم پاكىز سۈرتمىسەك بولمايدۇ.» گۈلجەننەت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: يەسلىگە كېلىپ بالىلار بىلەن بىللە بولغاندىن بۇيان، ھەربىر كۈننى ھەم مەزمۇنلۇق، ھەم خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، مەن ئىلگىرىكى خۇشال، ئىشەنچكە تولغان ئۆزۈمنى تېپىۋالدىم.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

تاشيولنى كەسىپنى چۆرىدەپ ياساش كەسىپنى تاشيولنى چۆرىدەپ يۈرۈشتۈرۈش

باغراش ناھىيەسىنىڭ كەسىپ تاشيولى دېھقانلارنىڭ بېيىش يولىغا ئايلاندى

ـ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، پىراكتىكانت **جيا فاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەر، باغراش ناھىيەسىنىڭ تاۋۇن جۇگۇن يېزىسى تاۋۇن جۇگۇن كەنتى ئەللىق قوياش نۇرىدا ئويغاندى، كىشىلەر توكسىلىتنى منىپ، كەسىپ تاشيولىنى بويلاپ كەنتتىكى جەنخۇي يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش چەكلىك شىركىتىگە ئىشقا كەلدى، لازىلارنى تاللاپ، پىششىقلاپ، ئالدىراش بىر كۈننى باشلىۋەتتى.

«بۇ كەسىپ تاشيولى بىزنىڭ ‹بېيىش يولىمىز›، كۆكتاتچىلار يېڭىلا ئۈزگەن كۆكتاتلارنى بىرىنچى ۋاقىتتا زاۋۇتقا ئەكېلىپ بېرىدۇ، بىز پىششىقلىغاندىن كېيىن يۈك ئاپتوموبىلى ئېلىپ كېتىدۇ» دېدى بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى دۇڭ جىشەن.

دۇڭ جىشەن ئېيتقان «بېيىش يولى» باغراش ناھىيەسىدىكى يېزا كەسىپ تاشيولىنىڭ بىر قىسمى.

باغراش ناھىيەلىك قاتناش ـ ترانسپورت ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋېي گۇاڭخۇي تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باغراش ناھىيەسى يېزا تاشيولى قۇرۇلۇشىدا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

قەشقەر قەدىمىي شەھەردە دۆلەت بايرىقى جەۋلان قىلدى

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، قەشقەر قەدىمىي شەھىرى مەنزىرە رايونىنىڭ كوچا بويلىرىدىكى دۇكانلارغا دۆلەت بايرىقى ئېسىلدى. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، قەشقەر شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار، كوچا بويىدىكى دۇكانلار بەس ـ بەستە دۆلەت بايرىقى ئېسىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالدى. □جاڭ بى فوتوسى

ماناستا 180 ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاننىڭ چىراغ نۇرى ئۆيۈنى ئارقىلىق ۋەتەنگە بەخت تىلەندى

ـ دۆلەت بايرىمىنى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋالايلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈن يۈەنيۈەن**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ما خۇيىيەن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ماناس ناھىيەسى چىڭدىخوزا قازاق مىللىي يېزىسىدىكى ۋۇداۋيا مەنزىرە رايونى «ۋەتەن بىلەن ۋەدەم بار. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خۇشال ـ خۇرام كۈتۈۋېلىش ھەم تۇنجى نۆۋەتلىك يايلاق كېچىسى كاتتا مەرىكىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى، يايلاقتا چىراغلار كۆزنى چاقنىتاتتى، پائالىيەت نەق مەيدانى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. «ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئويۇنى ھازىر باشلىنىدۇ.» رىياسەتچىنىڭ سۆزى ئاياغلىشىشى بىلەنلا كىشىلەر شۇ ھامان تىنچلاندى، 180 ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان چىراغلىرىنى چاقنىتىپ، يايلاقتا چاسا سەپكە تىزىلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. «1، 2، 3، ئويۇن باشلاندى»... 180 ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئاسمانغا رەتلىك كۆتۈرۈلۈپ، كېچە ئاسمىنىغا شۇڭغۇدى، نەق مەيداندىكى كىشىلەر ئىختىيارسىز تەنتەنە قىلىشتى. كېچە ئاسمىنىدا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان چاسا سېپى پات ـ پات سەپ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن خەتلەر،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىلەشكە كودنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش كەمتەرلىك بىلەن ئىش قىلىش

ــ شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى، شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ئەترتىپلىك قانات يايدۇردى

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

□مۇخبىرىمىز جاۋ شيا

مەركەزلىك ئۆگىنىش، مەخسۇس تېما كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى ئاڭلاش، ئۆگىنىش تەسىراتى يېزىش... 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ئەترتىپلىك قانات يايدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى. شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسى، شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى، شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلپىنى پۇختا ئىگىلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئارقىلىق «پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش» مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى زىممىسىگە ئالدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)